## 108549 ـ تاڭ يورۇشتىن ئىلگىرى پاك بولغانلىقىدا شەكلىنىپ قالغان ئايال قانداق قىلىدۇ؟ روزا تۇتۇپ، نامازنى ئادا قىلىشىۋېرەمدۇ؟

### سۇئال

ئايلىق ئادىتىم توشىدىغان ئاخىرقى كۈنى تاڭ يورۇشتىن ئىككى سائەت بۇرۇن سېرىق ئارىلاش نەرسىلەر كەلدى، ئاندىن ئۇخلىدىم، كىلىدىغان نەرسە تاڭ يورۇشتىن بۇرۇن توختىدىمۇ ياكى تاڭ يورىغاندىن كېيىنمۇ بۇنى بىلمەيمەن، ئەتىگەندە كىلىدىغان نەرسىنىڭ توختىغانلىقىنى مۇلاھىزە قىلدىم، ئاندىن يەنە ساقلاپ باقتىم بىر نەرسە كەلمىدى، پېشىنغا ئەزان ئوقۇلغاندىن كىيىن يۇيۇندۇم، مەن پېشىن نامىزىنىلا ئوقۇشۇم كېرەكمۇ ئۆتۈپ كەتكەن نامازنىڭمۇ قازاسىنى قىلىمەنمۇ؟رامزاندىن كىيىن مۇشۇ كۈندىكى روزىنىڭ قازاسىنى قىلىمەنمۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت ـ سالاملىرى بولسۇن.

ئايال ئادەت كۆرۈپ قالغاندا، تولۇق پاك بولغانلىقىغا ئىشەنچ قىلغانغا قەدەر ھەيزلىك ھالەتتە بولىدىغانلىقى ئەسلى قائىدىدۇر. ھەيز ئاخىرلاشتىمۇ ياكى ئاخىرلاشمىدىمۇ؟ دەپ شەكتە بولغاندا ناماز ئوقۇشى ۋە روزا تۇتىشى توغرا بولمايدۇ. بۇنىڭ تەپسىلاتىنى 106452 –نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىدا بايان قىلدۇق.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئاياللارنى تولۇق پاكىزە بولغانلىقىغا ئىشەنچ قىلغانغا قەدەر ئالدىرىماسلىق ۋە تەمكىن بولۇشقا بۇيرۇپ، ئۇلارغا مۇنداق دەيتتى: «ئاپپاق سۇنى كۆرگەنگە قەدەر ئالدىرىماڭلار» بۇنىڭدىن ھەيزدىن تولۇق پاك بولۇشنى مەقسەت قىلاتتى.

مۇشۇنىڭغا ئاساسەن: سىزگە شۇ كۈندىكى بامدات نامىزىنىڭ قازاسىنى قىلىش كېرەك بولمايدۇ، پېشىن نامىزىنى ئادا قىلىشىڭىز پەرىز بولىدۇ، چۈنكى سىز ھەيزدىن تولۇق پاك بولغاندىن كيىن پېشىن نامىزىنىڭ ۋاقتى كىردى.

روزا مەسىلىسىگە كەلسەك، سىز گەرچە شۇ كۈندە روزا تۇتقان بولسىڭىزمۇ تۇتقان روزىڭىز توغرا بولمايدۇ، چۈنكى سىز روزىنىڭ دەسلەپكى ۋاقتىدا ھەيزدار ئىدىڭىز، رامزاندىن كيىن شۇ كۈندىكى روزىنىڭ قازاسىنى قىلىشىڭىز كېرەك بولىدۇ.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.